يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئىشلارنى قىلالمىسىمۇ، ئاددىي خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇش

—— ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچى سۈن لۇ توغرىسىدا

ئەمگەكچىلەر ناخشىسى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لياڭ لىخۇا

يېقىندا، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بورتالا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن باش تەپتىش سۈن لۇ شەرەپ بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچى دېگەن نامغا ئېرىشتى. شان ـ شەرەپ ئالدىدا، ئۇ: «مەن پەقەت ئۆز دائىرەمدىكى خىزمەتنىلا قىلدىم» دېدى.

تەپتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 12 يىلدىن بۇيان، سۈن لۇ تەكشۈرۈپ بېجىرىشكە قاتناشقان دېلولارغا چېتىلىدىغان مەبلەغ 100 مىليون يۈەندىن ئاشقان، ئۇدا كۆپ يىل «مۇنەۋۋەر مەمۇر» بولۇپ باھالانغان، شەرەپ بىلەن بىر قېتىم 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، 2019 ـ يىلى شەرەپ بىلەن بىڭتۇەن بويىچە «مۇنەۋۋەر كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

## ئۇرغۇپ تۇرغان قىزغىنلىقنى چېگرا رايونغا بېغىشلاش

بۇ يىل 35 ياشقا كىرگەن سۈن لۇنىڭ ۋېيشىندىكى ئىسمى دايەنتا. «مەن شەنشىلىك، ئادەتتە خىزمىتىم بەك ئالدىراش، ئۆيگە قايتمىغىلى خېلى ئۇزاق بولدى» دېدى سۈن لۇ.

2004 ـ يىلى، سۈن لۇ غەربىي شىمال سىياسىي قانۇن داشۆسىگە كىرىپ قانۇن كەسپىدە ئوقۇدى، 2008 ـ يىلى ئوقۇش پۈتكۈزۈش مەزگىلىدە، بىڭتۇەننىڭ بىر قېتىملىق ئىچكىرى رايونلاردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ خىزمەتچى تەكلىپ قىلىش يىغىنى ئۇنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى.

«قوغۇن، ئۈزۈم ئوخشاش بولمىغان جاينىڭ مەنزىرىسى، بۇ مېنىڭ ئەينى چاغدىكى شىنجاڭغا بولغان تونۇشۇم ئىدى.» سۈن لۇ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: دەسلەپتە بۇ جايغا «ياشلىق باھارىمنى تەقدىم قىلىپ، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش»تىن ئىبارەت ئۇرغۇپ تۇرغان قىزغىنلىق بىلەن كەلگەنىدىم.

سۈن لۇ بورتالا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەپتىش كادىرى بولدى، تەپتىش خىزمىتىگە ناھايىتى تېز لا ماسلىشىپ كەتتى. شىنجاڭدا پەقەت ئۆزى يالغۇز بولغاچقا، خىزمەت ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھەممە قىسمىغا دېگۈدەك ئايلىنىپ كەتتى. ھەر قېتىم ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، جىمجىت كېچىدە ئۇ بەزىدە ئۆزىدىن: «بىر ئۆمۈر بۇ يەردە قېلىش ئۈچۈن تەييارلىقىم پۈتتىمۇ؟» دەپ سورايتتى.

رەھبەرلەر ۋە خىزمەتداشلارنىڭ چەكسىز غەمخورلۇقىدا، ئۇ ناھايىتى تېزلا كوللېكتىپقا سىڭىشىپ كەتتى، تەپتىش خىزمىتىگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتى بىلەن، ئۇ يىلتىز تارتىپ، كۆڭلىنى توختىتىپ، چېگرا رايونغا ئۆزىنى بېغىشلاش ئىرادىسىنى چىڭىتتى، ئۇ ئىككى قېتىم كەسىپ ئالماشتۇرۇش، ئۆسۈش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى تەپتىشلىك ئىش ئورنىدا چىڭ تۇردى.

## ئاز ـ ئازدىن تەجرىبە توپلاپ، ئاددىي ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇش

سۈن لۇ ھەر كۈنى ئىشقا بىر سائەت بالدۇر باراتتى. «بۇ بىر سائەتتە مەن بىر قىسىم دېلو مەسىلىلىرىنى كۆپرەك كۆرۈپ، خىزمەت ھالىتىگە بالدۇرراق كىرەلەيمەن» دېدى ئۇ.

«ئۇ ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن يىگىت، ھەر كۈنى ئۇ ئەڭ بالدۇر كېلىپ، ئەڭ كېيىنىدە قايتىدۇ» دېدى خىزمەتدىشى ساۋ رېنگو.

خىزمەتداشلىرىنىڭ نەزەرىدە، سۈن لۇ ئادەتتە ھەمىشە كىتابنى قولىدىن چۈشۈرمەي ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. سۈن لۇ كىتابتىكى نەزەرىيەۋى بىلىملەر بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالمىدى، ئۇ بىر قىسىم دېلو مەسىلىلىرىنى ۋاراقلاپ، ئۆزى بېجىرگەن دېلولارنى دېلو مەسىلىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا ئامراق بولغاچقا، نەزەرىيە سەۋىيەسى ۋە كەسپىي ئىقتىدارى ناھايىتى تېز ئۆستى.

ياش بولۇش سۈپىتى بىلەن، سۈن لۇمۇ «چولپان قوغلىشىدۇ»، ئۇنىڭ ئۈلگىسى بورتالا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ شۇ چاغدىكى باش تەپتىشى دىڭ يۈخۇڭ —— ئىككى قېتىم ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تەرىپىدىن 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىنغان ھەم مەملىكەت بويىچە ئۈلگىلىك تەپتىش ئەمەلدارى بولۇپ باھالانغان.

«مەن ئۇنىڭ جىسمىدىن خىزمەتتە يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئىشلارنى قىلالمىسىمۇ، پەقەت ئاددىي ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلىۋالدىم.» سۈن لۇ ئۇنى ئۈلگە قىلىپ، ئىشنى ھەربىر پارچە خاتىرە، ھەربىر پارچە ھۆججەتتىن باشلاپ، ئاز ـ ئازدىن تەجرىبە توپلاپ، ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى.

خىزمەت جەريانىدا، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ماقالىسى، دېلو يۈزىبېرىش سەۋەبىنى تەھلىل قىلىش دوكلاتى قاتارلىقلارنى يېزىشقا توغرا كېلەتتى، بۇنداق خىزمەت ئېغىر، مۈشكۈل بولسىمۇ، لېكىن سۈن لۇ ئەزەلدىن باش تارتماي، ھەربىر پارچە ماقالە، ھەربىر پارچە دوكلاتنىڭ ھەممىسىنى ئەستايىدىل يازدى. بىلىپ ـ بىلمەي تەسىر كۆرسىتىش جەريانىدا، ئۇنىڭ مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ئىقتىدارى ۋە ئومۇمىي سەۋىيەسى ئۈنۈملۈك ئۆستى. 2012 ـ يىلى ئۇ يازغان بىر پارچە دېلو مىسالى تەھلىلى ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

## ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، شەمشەرنى چىقىرىپ رەزىللىكنى يوقىتىش

2017 ـ يىلى، بورتالا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى تەپتىش مەھكىمىسى مەلۇم تۇەندىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ 120 مىليون يۈەن ھۆكۈمەت پۇلىنى يۈتكەپ ئىشلىتىپ، دۆلەت مۈلكىنى زىيانغا ئۇچرىتىشتەك ۋەزىپىگە چېتىشلىق پەۋقۇلئاددە زور جىنايەت دېلوسىنى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

بۇ دېلو سۈن لۇ ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى بېجىرىشكە قاتناشقان دېلولارغا چېتىشلىق سومما ئەڭ كۆپ بولغان دېلو ئىدى. «بۇ دېلونى بېجىرىش ۋاقتى قىس، ۋەزىپە ئېغىر بولۇپ، ئەڭ زور قىيىنچىلىق زاڭ پۇلنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ئېنىقلاپ، ئەڭ زور چەكتە زىياننى تولدۇرۇۋېلىش ئىدى.» سۈن لۇ مۇنداق دېدى: بۇ دېلوغا چېتىلىدىغان شەخسلەر كۆپ بولۇپلا قالماي، يەنە زاڭ پۇلنى قايتۇرۇپ كېلىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ئىنتايىن زور ئىدى.

شۇ جايدىكى تەپتىش ئورگانلىرى مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى قۇردى. بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، سۈن لۇ مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىر، زور ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى، ھەربىر مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئېقىپ كېتىش يۆنىلىشىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن ئايىغى يېرتىلىپ كەتكىچە قاتراپ، ئاغزى ئۇيۇشۇپ كەتكىچە سۆزلەپ، كېچىچە ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ، نەچچە مىڭ پارچە بانكا سودىسى ئاقما تالونىنى يۈتكەپ ئېلىپ، 100دىن ئارتۇق گۇۋاھچىدىن سوراپ، بۇنىڭدىن ئېنىق يىپ ئۇچى تېپىپ، ئەڭ ئاخىرىدا زىياننى ئۈنۈملۈك تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئاساس سالدى. سۈن لۇ يازغان دېلو ماتېرىيالى رەھبەرلىكنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى، زىياننى ئۈنۈملۈك تولدۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن ئوبيېكتىپ، ئېنىق، توغرا بولغان بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. 2019 ـ يىلى، بۇ مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى بىڭتۇەن خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تەرىپىدىن شەرەپ بىلەن كوللېكتىپ 2 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىندى.

سۈن لۇ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ساداقىتى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى شەرھلىدى، ئۇ ئۇرغۇپ تۇرغان قىزغىنلىقىنى تەپتىش ئىشلىرىغا بېغىشلىدى، لېكىن ئۇ ئائىلىسىگە نىسبەتەن كۆڭلىدە خىجىللىق ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭ خوتۇنى ئەسلىدە ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم بىر بانكىدا خىزمەت قىلاتتى، توي قىلغاندىن كېيىن جەم بولغان ۋاقتى ئاز، ئايرىلىپ تۇرغان ۋاقتى كۆپ بولغاچقا، خوتۇنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلتىماس قىلىپ بورتالا شەھىرىگە يۆتكىلىپ كەلدى. سۈن لۇ دائىم دېلو بېجىرىشكە ئاجرىتىلغاچقا، بالىسى تۇغۇلغاندىن كېيىن، گۆدەك بالىسنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قېينئاتا، قېينئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى. ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ شەخسىيەتسىز قوللىشى سۈن لۇغا كۈچ ئاتا قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەتكە كىرىشىشكە ئۈندىدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بولغان سەزگۈرلۈكى ناچار بولۇپ، شىنجاڭ نېفىتلىكىنى تاۋارلاشتۇرۇپ ئېچىش مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا ئاشۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىش مىسالى يوق ئىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن بۇيان، دۆلەت ئىچىدە قۇرۇقلۇق فاتسىيەسىدىكى كۆچلۈك تەكشىسىز ماددا قاتلىمىدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى قويۇق نېفىت زاپىسىدىن پايدىلىنىش، قۇرۇقلۇق فاتسىيەسىدىكى تەكشىسىز ماددىچانلىقى كۈچلۈك ئالاھىدە قويۇق نېفىت ئېلىش نىسبىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈش، ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئېرىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆتكەلگە ئۇدا ھۇجۇم قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاققىچە نەتىجىسى بولمىغانىدى. خەلقئارادىكى داڭلىق نېفىت شىركىتى ئىلگىرى ئۈچ قېتىم شىنجاڭ نېفىتلىكىنىڭ ئالاھىدە دەرىجىدىن تاشقىرى قويۇق نېفىت بايلىقىنى ئېچىشقا قارىتا باھالاش ئېلىپ بېرىپ، ھەر قېتىمدا ئۈنۈملۈك ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارىغانىدى. 1996 ـ يىلدىن باشلاپ، جۇڭگو نېفىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتى كۆپ پەندە ئۆتكەلگە سىجىل ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق، قۇرۇقلۇق فاتسىيەسىدىكى كۈچلۈك تەكشىسىز ماددا قاتلىمىدىكى قويۇق نېفىتنى ئېچىشقا ماس كېلىدىغان قىزدۇرۇپ نېفىت ئېلىش نەزەرىيەسى بويىچە تېخنىكا سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، نېفىت ئېلىش نىسبىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، پۈتۈن يەر شارى بويىچە ئەڭ چوڭ ئەلا سۈپەتلىك نافتېنلىق قويۇق نېفىت ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى قۇرۇپ چىقتى.

باھالاپ بېكىتىش كومىتېتى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى، جۇڭگو ئىنژېنېرلىق ئاكادېمىيەسىنىڭ 13 ئاكادېمىكى ۋە تۆت مۇتەخەسسىستىن تەركىب تاپقان. باھالاپ بېكىتىش كومىتېتى مۇنداق قارىدى: بۇ نەتىجە دەرىجىدىن تاشقىرى قويۇق نېفىتنى ئېچىش ھەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ۋە ئالاھىدە قويۇق نېفىت ئېلىش جەھەتتىكى كۈچلۈك تەكشىسىز ماددا قاتلىمىدىكى نېفىت زاپىسنى ئېلىش نىسبىتى يۇقىرى بولماسلىقتەك دۇنياۋى قىيىن مەسىلىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلدى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق يېڭىلىق يارىتىش نۇقتىسى ئۈچ جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، قۇرۇقلۇق فاتسىيەسىدىكى كۈچلۈك تەكشىسىز ماددا قاتلىمىدىكى سىڭمە ئېقىم توسۇقى كۆپ دەرىجىدىن تاشقىرى قويۇق نېفىتقا پار بېرىش ئارقىلىق ئېغىرلىق كۈچى بىلەن نېفىت چىقىرىش تېخنىكىسىدا يېڭىلىق ياراتتى، ئىككىنچى، قۇرۇقلۇق فاتسىيەسىدىكى كۈچلۈك تەكشىسىز ماددا قاتلىمىدىكى ئالاھىدە قويۇق نېفىتقا كۆپ ھالەتنى ماسلاشتۇرۇپ پار بېرىش ئارقىلىق نېفىت ئېلىش نىسبىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىدا يېڭىلىق ياراتتى، ئۈچىنچى، قۇرۇقلۇق فاتسىيەسىدىكى كۈچلۈك تەكشىسىز ماددا تېپىز قاتلىمىدىكى ئالاھىدە قويۇق نېفىتكە پار بېرىش ئارقىلىق تاشلىۋېتىلگەن نېفىت زاپىسىنى قوبۇل قىلىش ۋە چىقىرىشتىكى يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا ئوت بىلەن ھەيدەش تېخنىكىسىنى ئىجاد قىلدى. بۇ نەتىجىلەر شىنجاڭ نېفىتلىكىنىڭ نافتېنلىق قويۇق نېفىت بايلىقىنى ئېچىشتا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىپ، يىللىق مەھسۇلات مىقدارىنى 4 مىليون توننىدىن ئاشۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 15 يىل مۇقىم بولۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ئېلىشقا بولىدىغان زاپاس مىقدارى 200 مىليون توننىغا كۆپەيتىلىپ، دۆلەتنىڭ ئېھتىياجى كاپالەتلەندۈرۈلدى، ئىقتىسادىي، جەمئىيەت ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، ئۇنى كېڭەيتىش، قوللىنىش ئىستىقبالى پارلاق.

---

# يېڭى مەھسۇلات ئېچىش مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ

—— ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى ياڭ شۇۋخۇي توغرىسىدا

ئەمگەكچىلەر ناخشىسى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز گې يۈجۈن
سانجى مۇخبىرلار پونكىتىدىن ليۇ چيەن

12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ ترانسفورماتور زاۋۇتىنىڭ 1100 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق ترانسفورماتور ئىشلەپچىقىرىش مەركىزىدە، ئىشچىلار جىڭجوۋغا ئەۋەتىلىدىغان زاكازنى ئۇلگۇرتۇش ئۈچۈن ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى. يېقىندىلا شەرەپ بىلەن «ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى» نامىغا ئېرىشكەن ياڭ شۇۋخۇي سەھەردىلا ئىشلەپچىقىرىش سېخىغا كېلىپ، بىر كۈنلۈك ئالدىراش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى.

ياڭ شۇۋخۇي ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ ترانسفورماتور زاۋۇتى لايىھەلەش بۆلۈمى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بېسىملىق ترانسفورماتور بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى. ئۇ 1997 ـ يىلى 7 ـ ئايدا داشۆنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ ترانسفورماتور زاۋۇتىغا كېلىپ لايىھەلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى، شۇنىڭدىن باشلاپ توك يەتكۈزۈش ـ بېسىم ئۆزگەرتىش جابدۇقلىرىنى ياساش ئىشلىرىغا ئىشتىياق باغلىدى.

مەھسۇلاتنىڭ يادرولۇق تېخنىكىسىنى تېزرەك ئىگىلەش ئۈچۈن، ياڭ شۇۋخۇي كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، قېلىپ، زاپچاسلارنى بىرمۇبىر تەتقىق قىلدى، كۈتۈپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كەسپىي كىتابلارنى بىرمۇبىر قېتىرقىنىپ ئوقۇدى، سېختىكى پېشقەدەم ئۇستاملارغا ئەگىشىپ ھەربىر مەھسۇلات، ھەربىر ياساش ھالقىسى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ چىقتى.

2013 ـ يىلى تاجىكىستاننىڭ رېگار 500 كىلوۋولتلۇق ترانسفورماتور پونكىتى قۇرۇلۇشى باشلاندى. ياڭ شۇۋخۇي باش لايىھەلىگۈچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇ ترانسفورماتور پونكىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بېسىملىق ترانسفورماتورىنى تەتقىق قىلىپ ياساشقا مەسئۇل بولدى. ئەڭ دەسلەپتە مەلۇم بىر چەت ئەللىك سودىگەر بىلەن تېخنىكا جەھەتتىكى تەپسىلاتلار ئۈستىدە پىكىرلەشكەندە، چەت ئەللىك سودىگەر ئۇنىڭغا تولۇق ئىشەنچ قىلالماي، نەق مەيداندا مەھسۇلات پىرىنسىپى، قۇرۇلمىسى، ئىقتىدارى قاتارلىق مەسىلىلەردە ياڭ شۇۋخۇينى «سىناپ» باقتى. ياڭ شۇۋخۇي پاكىت بىلەن سۆزلەپ، كوللېكتىپنى يېتەكلەپ لايىھەلەشتىن تارتىپ مەھسۇلاتنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقىچە پەقەت بىر يىللا ۋاقىت سەرپ قىلدى، ئەڭ ئاخىرىدا پۈتكۈزگەن ترانسفورماتور مەھسۇلاتى خېرىدارلارنىڭ يۇقىرى ماختىشىغا ئېرىشتى.

2014 ـ يىلدىن 2015 ـ يىلغىچە، ياڭ شۇۋخۇي باش بولۇپ لايىھەلىگەن پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بېسىملىق ترانسفورماتور ئانگولاغا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىرىلدى. بۇ تۈردە جەمئىي 28 ئۈسكۈنە بولۇپ، جۇڭگونىڭ پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بېسىملىق ترانسفورماتور ياساش تېخنىكىسىنى تۇركۈملەپ چىقىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، ياڭ شۇۋخۇي باش لايىھەلىگۈچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، تەتقىق قىلىپ ئېچىشقا مەسئۇل بولغان نۇرغۇن سۆرگۈچ ترانسفورماتور مەھسۇلاتلىرى دۆلەت ماشىنسازلىق سانائىتى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتى قاتارلىق مۇھىم مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى؛ ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەتقىق قىلىنىپ ئىشلەپچىقىرىلغان كۆپ تۈرلۈك مەھسۇلات دۆلەت ئىچىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى، مەھسۇلاتلار تاجىكىستان، ئانگولا قاتارلىق دۆلەتلەرگە بىۋاسىتە سېتىلدى؛ Vتىپلىق لىنىيە ئۇلاش تۈرىدىكى ترانسفورماتور قاتارلىقلار كەشپىيات پاتېنتى ۋە ئەمەلىي قوللىنىشچان يېڭى تىپ پاتېنتىغا ئېرىشتى، ئۇ ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ ترانسفورماتور زاۋۇتىنىڭ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق تېخنىكا «ئۇستىسى»غا ئايلاندى.

2008 ـ يىلى دۆلەتنىڭ تۆمۈريول سۆرەش تېخنىكىسىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى، ئالاھىدە ترانسفورماتور پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ ترانسفورماتور زاۋۇتى تۆمۈريول مىنىستىرلىقى بىلەن بىرلىشىپ، جىڭجوۋ ـ شىئەن 330 كىلوۋولتلۇق توك بىلەن تەمىنلەش سۆرگۈچ ترانسفورماتورىنى تەتقىق قىلىپ ياساش تۈرىنى تۇرغۇزدى. ئېلېكترووۋز ۋە ئوق پويىز گۇرۇپپىسىنىڭ يادرولۇق زاپچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سۆرگۈچ ترانسفورماتورنىڭ «يۈرەك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ» دېگەن نامى بار، ئۇ پويىزنىڭ سۆرەش، تورمۇزلاش، خەۋەرلىشىش سىگنالى قاتارلىق مۇھىم ئىقتىدارلىرىنىڭ ئېلېكتر مەنبەسى.

سۆرگۈچ ترانسفورماتورنىڭ باش لايىھەلىگۈچىسى بولغان ياڭ شۇۋخۇي ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز كىرپىك قاقمىدى. جىڭجوۋ ـ شىئەن تۆمۈريولى نەق مەيدانغا تەكشۈرۈشكە بارغاندا، ئۇ كوللېكتىپنى باشلاپ نەق مەيداندىكى قۇرۇلۇشنى تەشكىللەپ يولغا قويۇۋاتقان، قۇرۇلۇش لايىھەسىنى تۈزگەن تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، نۇرغۇن سانلىق مەلۇمات ماتېرىياللىرى ئارىسىدا لايىھەلەش تەھلىلى ئېلىپ بېرىپ، جاپالىق تەتقىق قىلىپ ئېچىش ئارقىلىق، دۆلەت ئىچىدىكى تۇنجى 330 كىلوۋولتلۇق توك بىلەن تەمىنلەش سۆرگۈچ ترانسفورماتورنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ مەھسۇلات دۇنيادىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، شۇ يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو ماشىنسازلىق سانائىتى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇ دۆلىتىمىزنىڭ 330 كىلوۋولت دەرىجىلىك AT توك بىلەن تەمىنلەش شەكلىدىكى سۆرگۈچ ترانسفورماتور تېخنىكىسىنىڭ دۇنيادا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

2005 ـ يىلدىن 2011 ـ يىلغىچە، كوللېكتىپنىڭ تېخنىكا تايانچىسى بولغان ياڭ شۇۋخۇي كوللېكتىپنى يېتەكلەپ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول لىنىيەسى VV توك بىلەن تەمىنلەش سۆرەش شەكلى ۋە AT توك بىلەن تەمىنلەش سۆرەش شەكلىدىكى يادرولۇق ئۈسكۈنە —— يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولدا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان سۆرگۈچ ترانسفورماتورنى ئاساسلىق لايىھەلەپ تەتقىق قىلىپ ياسىدى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى بىلەن خەلقئارادا ئالدىنقى قاتاردىكى سەۋىيەگە يەتتى، ھەمدە دۆلەتنىڭ كەشپىيات پاتېنت تۈرىگە ئىلتىماس قىلىنىپ، ئىلگىرىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولدا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ترانسفورماتورنىڭ ئىمپورت قىلىنغان ئۈسكۈنىلەر تەرىپىدىن مونوپول قىلىنىش ۋەزىيىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بۇزۇپ تاشلاندى. تونۇشتۇرۇلۇشىچە، يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول سۆرەش پونكىتىدا ھەر ئون كىلومېتىردىن 15 كىلومېتىرغىچە بولغان ئارىلىقتا بىردىن ئىككىگىچە سۆرگۈچ ترانسفورماتور بولۇپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول سېلىنما ئومۇمىي خىراجىتىدە بىرقەدەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدىكەن. ياڭ شۇۋخۇي تەتقىق قىلىپ ياسىغان ئۈسكۈنە خىراجىتىنى تەخمىنەن 50% تۆۋەنلىتىپ، جۇڭگونىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول ئۇل قۇرۇلۇشىنىڭ سېلىنما تەننەرخىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەتكەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول قۇرۇلۇشىدا، بۇ تېخنىكا بېيجىڭ ـ شاڭخەي لىنىيەسى، جىڭجوۋ ـ شىئەن لىنىيەسى، شاڭخەي ـ خاڭجوۋ لىنىيەسى قاتارلىق نەچچە ئون لىنىيەدە كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىپ، شىنجاڭ تېخنىكىسى يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول قۇرۇلۇشى جەھەتتە بىر كىشىلىك ئورۇننى ئىگىلىدى.

«سېختا ھەقىقىي بىلىمنى ئۆگەنگىلى بولىدۇ، تېخنىكا مەھسۇلات ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك.» بۇ ياڭ شۇۋخۇي ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان سۆز. ئۇ چېرتيوژ يىغىنىدا ئىشخانىدا بولغاندىن سىرت، باشقا ۋاقىتلاردا بەش سېخ ياكى تەجرىبىخانىدا ئالدىراش يۈرىدۇ.

2017 ـ يىلى، ئالاھىدە ترانسفورماتور پاي چەكلىك شىركىتى ياڭ شۇۋخۇي يېڭىلىق يارىتىش ئىشخانىسىنى تەشكىللەپ قۇردى. ئۇ ئىزچىل ئىلغارلاردىن بولۇش روھى بىلەن كوللېكتىپنى رىغبەتلەندۈرۈپ كەلدى، ئۇ لايىھەلىگەن ھەربىر مەھسۇلاتنىڭ چېرتيوژىلا نەچچە يۈز، ھەتتا نەچچە مىڭ پارچىغا يېتەتتى. ئۇ تەتقىق قىلىپ ئاچقان مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپىنچىسى دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور قۇرۇلۇشلىرىغا ئىشلىتىلىپ، «شىنجاڭ ياسىمىچىلىقى»نى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيەگە يەتكۈزدى.

23 يىلدىن بۇيان، ياڭ شۇۋخۇي ئادەتتىكى لايىھەلىگۈچىدىن ماشىنا ـ ئېلېكتر قۇرۇلۇشىدىكى ئالىي ئىنژېنېرغا ئايلىنىپ، قاتتىق تاۋلانغان تېخنىكا ئۇستىسى بولدى. يىل بويى ئېلېكترلەشكەن تۆمۈريولدا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان سۆرگۈچ ترانسفورماتور ھەمدە پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بېسىملىق ترانسفورماتور، ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق ترانسفورماتور، چوڭ سىغىملىق مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ ياساش، ئېچىشقا كۈچ چىقىرىپ، دۆلەتنىڭ ئېنېرگىيە ئىستراتېگىيەسى تەرەققىياتىدىكى مۇھىم، زور جابدۇقلارنى ئېچىش، پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بېسىملىق مەھسۇلاتلارنى دۆلەت دەرىجىسىدىن چىقىرىش ھەمدە شىنجاڭنىڭ مۇھىم، زور جابدۇق كەسپىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى.

كۆپ شان ـ شەرەپكە ئېرىشكەن ياڭ شۇۋخۇي توختاپ قالماي، يەنىلا سېخلاردا قاتراپ يۈرۈپ، تۆمۈر ماتېرىياللار، ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلەر بىلەن ھەپىلەشتى. «يېڭى مەھسۇلات ئېچىش مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ» دېدى ئۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)